# خطوط المتنوعه

يعنی

التە شهرنینک رسم خط و وثیقەلاری

اوچونچی باسما

کاشغر شهریدە سویدیش میشیون
نینک باسمه خانەسیدا باسیلدی

۱۹۳۷

Tredje upplagan.

Svenska Missionstryckeriet, Kashgar 1937.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# مقدمه

السته شهرده مروج بولغان خط نامه‌لارنینک طریقه‌سی بو کتابدا قویولوب‌دور مثلا دعاسلام خطی وثیقه‌لیق مدیون خطی زمین خطی وکالت خطی کفالت خطی کرا خطی و بولك خطلارنینک هر قایسی طریقه‌سیدین سالینیب‌دور. انداغ خطلارنی لازم قیلادورغان کشیلار اوچون و مکتب بلالاری‌نینک تعلیمی اوچون کتاب طیار قیلیندی.

بو کتاب ایکی جزء برله ترتیب بریلدی اولقی جزءده مذکور خطلار سالیندی ایکنجی جزده خطلاردا بار عربی فارسی سوزلارنینک معنی‌سی بریلدی. بو سوزلارنینک اونکای تاپیلماغلیقی اوچون الف ( ا ) دین تا ترتیب درجه قیلینیب‌دور شونداغ که الفدین باشلانادورغان سوزلار بر قطار و با (ب) دین باشلانادورغان سوزلار بر قطار تا یا (ی) غچه ترتیبات برله ترتیب بریلدی. بر سوزده الفدین کین ب کلسه الف قطاری‌نینک باشیغه قایلارمیز الفدین کین ی کلسه الف قطاری‌نینک اایاغیغه قایلارمیز. شو طریقه بیلان بو همه یات سوزلار ترتیب بریلدی.

# اوّلقی جزؤ

## نـامه‌لار

### ۱

بر بلا داداسیغه ایبارادورغان خـطی

محـبتلیك اتام جناب‌لاریغه

کمینه فـرزندلاری روزی آخونددین کوبـدین کوب دعاء سـلام‌دین کین معروض اول که الحـمدالله بو یـل دعالاری‌نینك برکاتیدین یـل‌لیق امتحاندین اوتوب اوسـتادیم‌دین آفـرین‌لار تاپـتیم اوزلاری‌نیـنـك هم دعا و آفـرین قیلادورغانلارینی بیلـگانیم اوچون تولا خرسند دورمن انشاءالله موندین کـین هم نهـایت کونکل قویوب اوقوغالی غـیرت قیـلورمن دعا قیلیب تورسـونلار بو خـطنی اوز قولوم بیـلان پتـودیم باشـقه ایش بولسـه تنـجلـیق دیب برکان خط السلام علیکم.

سـنه ۱۳٥٦ ماه ذوالحجه‌نینك ۲۷سی—۱۹۳۷ می‌نینك ۱٥ی

### ۲

بر بلا اناسیغه پتویدورغان خطی.

عفتلیك مهربان انام‌غه

کـمینه کمترین فـرزندلاری عمر اخونددین ساغینیب ساغینیب دعاءسلام دیکچ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

عرض اولکه خدانینك عنایتی بیلان مکتبده کونکل قویوب اوقوب توروب من بلام اوقوش و خط قیلیش نی اورکاندیمو ایکان دیب فکر قیلادورغان دورلار انشاء الله اوزلاری نینك امکانلارینی ضایع قیلمای کوشش قیلیب اوقوب شریکلاریم دین اوستون بولور من کمینه فرزندلارینی اونوتمای همیشه دعادا بولماقلارینی امید قیلور من اسنلیکلارینی سوراب برکان خط السلام علیکم.

سنه ۱۳۵٦ ماه ذوالحجه نینك ۲۹ ی — ۱۹۳۷ می نینك ۱۷ سی

۳

بر بلا اکاسیغه ایبارادورغان خطی

مروّتلیك جان قرینداش اکام غه

کمینه اینیلاری موسی آخونددین بیحد دعا و سلام اداسیدین سونکره معروض اولکه تنج امانلیقلارینی بیلدوروب ایبارکان خطلاری اوتکان هفته تکدی سلامتلیك لارینی بیلیب تولا خرسند بولدوم موندین کین هم کمینه اینیلارینی خط بیلان یوقلاب توروشلارینی امید قیلورمن مکتبده سبق لار توختایدورغان وقت یقین بولدی خدا خواهلاسه تعطیل وقتدا خدمتلاریکا باریب کوروشوب یانورمن دیب اوشبو اوچوریدین برکان خط السلام علیکم.

سنه ۱۳۵٦ ماه ربیع الاول نینك ٦ سی

٤

بر بلا اچاسیغه ایبارادورغان خـطی.

عقّلیك همشیره عزیزیم اچام‌غه

کمینه اینیلاری حسن آخونددین تولادین تولا دعاء سلام ایتقاندین عرض اول که بو یل باشقه یل‌لاردا کی‌دین زیاده‌راك اوقوغالی کونکل قویغانیم اوچون شریك لاریم بیلان اکا اوکادیك بولوب خوشلوق بیلان درسیم‌کا مشغول دور من مکـتبداکی بولك دوسـت‌لاریم بیلان هم اتفاق بولوب اولار بیلان مجادله قیلمای تنجلیق بیلان اوقـوب تورغانیم اوچون اوستادیم هم مندین نهایت خـوش‌دور انشاءالله مـوندین کین هم کوشش بیلان اوقـوب همتنك‌لاریم‌دین ایلکاری بولورمن هر نمه بولـسه کمینه قرینداشلارینی یاد قیلیب تورسونلار دیب برکان خط السـلام علـیکم.

سـنه ۱۳۵٦ ماه شـوال‌نینك ٥ ی

٥

دعاء سـلام خط.

عـبـدالرحمـان آخـونـد عالی‌کرام‌لاریـغـه

کمینه‌لاری احمد آخونددین تمن تمن دعاء سلام مشتاقانه اداسیدین سونکره معروض اول‌که من بولسام خداغه شکر بو وقت‌لارغچه تنج امان صحت سـلامت

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

توردوم اوزلارینی‌مو هم اول خداوند کریم تنج امان صحت سلامت ساقلاب پات فرصت‌ده دیدار کوروشکالی نصیب روزی قیلغای ثانیاً معلوم بولسونکه خیلی وقت‌دین بری سلامتلیک‌لاریدین خط کلمادی من هم خط برلمادیم بو توغرادا عیب منده ایکانی‌نی بیلورمن اما هر وقت ارامیزداکی دوستلوق و محبت‌نینک یوقالماسلیقی‌نی امید قیلورمن کمان قیلورمن‌که اوزلاری هم فقیرغه بولغان محبت‌لاری‌نینک یوقالماقی‌نی خواهلامایدورلار انینک اوچون البته سلامتلیک لارینی معلوم قیلیب خط بریشلاریکا انتظار بولوب توردوم والسلام.

تاریخقه بر مینک اوچ یوز الیك آلته ماه رجب نینک اونیدا خط ارسال قیلیندی.

٦

بر بلانینک اتا و اناسیغه عیدنی مبارکلاب برکان خطی.

مرحمتلیك اتام و شفقتلیك انام حضرت‌لاریکا

کمینه فرزندلاری ثابت آخونددین کمال اشتیاق بیلان دعاء سلامیم‌نی عرض قیلغاندین کین مفهوم اول‌که اوشبو یقینلاشقان عید شریفیمیزنینک اتام و انام حقیدا مبارك بولماقی‌نی خدای تعالی‌دین رجا طلب قیلورمن هر برلاری‌نینک کمینه فرزندلاری‌نینک حقیدا دعا قیلیب توروشلارینی بیلسام هم تخی زیاده قیلیش‌لارینی امید قیلیب اوشبو تبریك‌نی ایباردیم و السلام.

سنه ۱۳۵٦ عید آیی

برکشی‌نینک اتا انا و قوم قرینداشلاریغه برکان خطی.

سبب حیاتیم و باعث وجودوم محبتلیك اتام حضور پدرانه‌لاریغه و شفقتلیك مهربان انام حضرتلاریکا جان قرینداشیم اکام محمود اخوندغه عفتلیك همشیره‌م مریم خانغه توردی اخوند اکامغه و بلالاریغه اندین قالغان جمیع بیزنی یاد قیلغوچی خویش‌اقربا و یار برادرلارغه

کمینه فرزندلاری یعقوب آخونددین غفور آخوند اکامدین بیحد سلام و بیعدد پیام اداسیدین سونکره عرض اول‌که بیزلار بولساق موندا الحمدلله دعالاری‌نینك برکاتیدین تنج امان و صحت سلامت‌دورمیز هر برلاری‌نینك وجود شریفلارینی مو هم اول کریم کارساز صحت سلامت ساقلاب یات فرصتده دیدار نعمتلاریغه مشرف بولماق‌نی نصیب و روزی قیلغای انشاءالله ربّ العالمین آمین ثانیاً مفهوم اول‌که خدمتلاریدین چیقیب اون بش کونده تنج امان تاشکندکا واصل بولدوم سودا ستیق ایشی بولسه الحمدالله یخشی بولوب‌دور البته یات یات سلامتلیك‌لاریدین خط بریب تورسونلار خدا اراده قیلسه بهاردا خدمتلاریکا باریب هر برلاری‌نینك جماللارینی کورماك بیلان خرسند بولورمن دیب امید قیلیب توردوم فقیر موندا هر صبح و شام بلکه علی‌الدوام دعالاریغه مشغول دورمن هر برلاری هم مرحمتاً دعالاریده فراموش قیلماغایلار باشقه ایش بولسه تنجلیق دیب استلیك‌لارینی سوراب سلامتلیکیمیزنی اظهار قیلیب بو رقعه‌نی ارسال قیلدوق السلام علیکم

سنه ١٣٥٦ ماه شعبان‌نینك ١٧ سی یعقوب آخوند

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بر کشی‌نینگ اهله عیالیغه برکان خطی.

عفّتلیک مونس روزی‌کار و محرم اسراریم خدیجه خانغه و کوزوم‌نینگ نوری فرزندلاریم عثمان‌آخوند و نساخانغه اندین قالغان جمع خویش اقربالارغه کمینه رفیق مشفق‌لاری اسلام آخونددین یوز تمن دعای سلام‌دین کین معروض اول‌که هر برلاری‌نینگ جمال بهجت افزالاریدین جدالیق اضطرابیدین باشقه اندیشه روزکاردین خاطریم فارغ‌دور بازارنینگ ایشی بولسه بو کونلارده انچه یخشی ایماس انشاءالله پات یقین بازار یخشی بولور دیب تورامیز مال‌لارنینگ بعضی‌سی‌نی نقد و بعضی‌سی‌نی الته آیلیق وعده بیلان نسیه ساتّیم حاضر قولومدا خیلی مال بار فقیر بولسام هر صبح و شام قاضی‌الحاجات درگاهیدین هر برلاری‌نینگ سلامتلیک‌لارینی تیلاب دعا قیلیب تورورمن ثانیاً ایتور سوزوم شول‌که بالالار مکتبدین قالماسون هم یخشی یمان بالالار بیلان ارالاشقانی برله خُلقی بوزولماسون البتّه قول‌لاریدین کلکانیچه محافظت قیلورلار اوزلاری من بارغونچه دعا و طلبده بولوب خوشلوق بیلان اولتوروشوب تورسونلار اوزونغه قالمای ایشلاریم پوتسه اوزوم هم بارورمن البتّه منینگ یوقلوقومنی بیلدورمای اوز ایشلاری بیلان مشغول بولورلار باشقه ایشلار بولسه تنجلیق دیب اوشبو اوچوریدین اسنلیک‌لارینی سوراب بو رقعه‌نی ارسال قیلدیم والسلام

سنه ۱۳۵۶ ماه ذوالحجه‌نینگ ۲٤ ی می ۱۲ سی ۱۹۳۷ اسلام

آخوند ابن نیاز حاجی

٩

بر خاتون‌نینك ایریکا برادورغان خطی.

مونس قدردان سبب سعادتیم جاودانیم ابراهیم آخونغه

کمینه اهلیه‌لاری خیرنسا خاندین فرزندلاری یوسف آخونددین ساغینیب ساغینیب دعا و سلام دیکاچ عرض اول‌که اوزلاریدین آیریلغاندین بری جدالیق دردیدین کونکلوم پریشان کیچه‌ده اویقو و کوندوزده آرام منده یوقدور هر وقت قاضی الحاجات درکاهیدین اسن امان بر بریمیز بیلان کوروشوب سعادت بیلان عمر اوتکوزماکنی طلب قیلماقدادورمن فرزندیمیز یوسف آخوند هم چونك بولوب قالدی دادا دیب تیلی چیقیب‌دور هر وقت دادا دادا دیسه یا ربّیم بو صبی‌نی داداسیغه قوبوشتورغیل دیب تیلایمن اوزوم‌نینك هم کونکلوم بوزولادور اوزلاری یراق یرکا کتیب بیزلارنی اونوتقاندورلار اما بیزلار هیچ وقت اونوتمایمیز اوشبو خط بارغان زمان کلیب بیزلارنی جمال‌لاری بیلان خوش قیلسه‌لار یخشی بولور ایردی دیب اسنلیك‌لارینی سوراب سلامتلیکیمیزنی اظهار ایلاب برکان خط والسلام سنه ١٣٥٦ شعبان‌نینك ١١ یده

١٠

اتانینك اوغلیغه برادورغان خطی.

نور عینیم و فرزند ارجمندیم احمد آخوندغه

غمخوار اتالاری محمد نیاز حاجیدین کوبدین کوب دعای سلام‌دین کین معلوم

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولغای که فقیر بولسام الحمدلله پروردکار عالمنینک فضلی و عنایتی بیلان صحت سلامت دورمن اوزلاری‌نینک یراغلیق‌لاریدین بولك هیچ اندیشم یوق موندکی خویش اقربا و یارلاری همه‌سی سلامت‌دور اوزلاریکا دعای سلام ایتادور اوزلاری کتکاندین بری سلامتلیك‌لاریدین خط کلمادی تنجلیق‌لارینی بیلالمای خاطریم پریشان بولدی اوشبو خط یتکان زمان البتّه حیال قیلمای خط ایباروورلار اول یرنینك نرخ هواسی توغراسیدین هم خطغه اظهار قیلسونلار ثانیاً ایتور سوزوم شولکه ای جان فرزندیم هر وقت خدانی اونوتمای عبادت‌نی هم ترك قیلمای یخشی‌لار بیلان هم صحبت بولوب نا اهلی و اوسال ادم‌لاردین یراق بولغایسیز انشاء الله یات یقین کوروشماك میسّر بولور ایرته و اخشام کتاب اوقوش‌نی ترك قیلماس سیز دیب اوشبو اوچوریدین اسنلیك‌لارینی سوراب سلامتلیکیمیزنی اظهار قیلیب برکان خط والسلام

سنه ١٣٥٦ ماه ذوالحجه‌نینك ٥ ی محمد نیاز حاجی

١١

بر سوداکرنینك خطی.

ختن ١٣٥٦ محرم‌نینك ٥ نچی‌سی

ملا حاجی جناب لاریغه

عبدالرحمان آخونددین

ماه ربیع‌الاول‌نینك اونیدا اوزلاریدین الغان مال‌نینك پلی‌نی هاشیم

آخوند بیلان ایباردیم ینه سوز شولکه ینگی کلگان کزمالدین هر قسمدین
اون توپدین و ماهوت‌نینک هر قسمدین اون بش توپدین ینه اوروس شمع‌دین
بش صندوق الیب حسابی بیلان هاشیم آخونغه تاپشوروب برسه‌لار بخشی بولور
ایردی بو مالـلارنی هم البتّه اوچ آیلیق وعده برلان ساتورلار والسلام
عبدالرحمان آخوند

١٢

مذکور خطنینک اوچوری

کاشغر ١٣٥٦ ماه محرم‌نینک ٢٨ ی

عبدالرحمان آخوند جناب‌لاریغه

ملا حاجیدین

جناب‌لاری هاشیم آخوند بیلان ایبارکان پل و خط قولومغه تکدی من هم
اوزلاری اول خطدا سالغاندیك مذکور مال‌لارنینك هر بریدین اون توپدین
هاشیم آخوندغه تاپشوروب بردیم لیکن ماهوت بیلان اوروس شمع حاضر
بازاردا یوقراق ایکان انینك اوچون ماهوت‌دین جمعی یکرمه توپ و شمعدین
تورت صندوق بردیم والسلام

١٣

شریعت آخوندلاری و باشقه اهله منصبکا بریلادورغان خط.

عزت حرمت پناه و رفعت منزلت جایگاه

اعنی کرام‌القدر اعلم آخوندلوقوم رفع الله اقباله حضور سامی‌لاریغه.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

۱۳

کمینه‌لاری قاسیم حاجی ملا تورسون بای صوفی نیاز چونك اهل محله دین تبلیغ تحیّت اداسیدین سونکره عرض اول‌که الحمدلله والمنّه بیزلارکا هر توغرادین خاطر جمعلیق میسّردور جناب کرامی‌نینك وجودشریف‌لارینی مو هم اول کریم کار ساز مسند عزّت‌ده برقرار ایلاب سرفراز کونین قیلغای آمین ثانیاً واضح بولغای‌که التفات قیلیب محلّه‌میزنینك جامع مسجدیکا صابر آخونومنی امام هم خطب قیلیب ایبارکان ایکانلار بیزلار هم مع‌الممنونیّت قبول قیلیب امامتلیك لوازمی‌نی تاپشوردوق انشاءالله اوز خذمتیده کمچیلیك قیلمای یورتیمیزنینك اقارماقیغه سبب بولور دیب منتدارلیق اظهار قیلیب بو رقعه‌نی ارسال قیلدوق السلام علیکم

سنه ۱۳۵٦ ماه رجب‌نینك ۹ ی

۱٤

عرض داشت (شریعتکا .)

محکمه شرعیه‌کا

بولاق کول باشی محلّه‌سیدین توخته نیاز اخوندنینك عرضی توقوز اریغلیق محمد توخته بای‌نینك اوغلی توردی آخوندا وثیقه‌لیق اوتوز چارك بغدای و اوتوز چارك قوناق حقیم بار ایدی حالا برادورغان وعده سیدین اوچ آی اوتوب‌دور بهانه قیلیب توروب برکالی اونامایدور چینکراق توتسام جدل قیلادور مرحمتاً محکمه شرعیّه‌کا الدوروب کلیب شریعت حکمیچه حقیم‌نی

الدوروب بریشلارینی اُمید قبلورمن دیب توتقان عرض داشت

سـنه ١٣٥٦ ماه شعبان‌نینك ٢٤ ی

١٥

شریعت‌کا ینه بر عرض.

محکمه شرعیّه‌کا

ینکی محلّه‌دین روزی آخوندنینك عرضی متوفّی اتامیز ملا قادر حاجی‌نینك‌اوغلی رشید بایدین مذکور محلّه‌ده بر حویلی و قیزیل بوییده اون‌سکز چارکلیك یر و باغی بیلان برحویلی بیز ایکی اوغول اوچ قیزغه میراث تککالی بر یل بولغان ایدی حالا بر توقّانلاریم‌غه تکیشلیك حقیم‌نی آریب برینکلار دیسام اونامایدور مرحمتاً بحَسْبِ شرعی حـقیم‌نی آریب بریب قطع نزاع قیلیشلارینی اُمید قیلور من دیب توتقان عرض داشت

سـنه ١٣٥٦ ماه ربیع الثانی‌نینك ٥ ی

١٦

یامـنـغـه عرض.

التفاتلیق امبانغه

میشار یوقارقی قاش توبنکی قاش کامرا قوم اریق توقوز اریق قتارلیق یورت‌لار دین صـابر میراب یوسف میراب اون اوچ یوز باشی رئس امام موذّنین و همه

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

چونك كچيك فقرالاری‌نینك عرضی بو نوبت‌ده سرشاب میشارنینك اغزیغه زاکو قویوب سویمزنی تنکشاب الغالی عرض قیلیب زاکو قویغالی یودن الیب چیقیب ایدوك حالا بوکون سرشاب‌نینك فقرالاری زاکو قویوب عن بولغان ایماس دیب عرض قیلیب‌دور بیزلار زاکو قویماساق سویمز اصلا تنکشالمایدور امبان اوزلاری کوروب سویمزنی تنکشاب زاکو قویوب برکالی التفات تیلایمز دیب توتقان عرض

مینك کوه‌نینك یکرمنجی یلی ٥ نجی آی‌نینك ٨ یده

١٧

وثیقه خطی.

تأریخقه بر مینك اوچ یوز الیك التە ماه محرم نینك یکرمه بری ایردی من‌که مناره محلّه‌سیدین روزی باقی بای‌نینك اوغلی نوروز آخونددورمن رساقد کندم رنك قرا سقال اقرار شرعی قیلدیم بو جمله‌غه کیم ینکی شهرلیك موسی بای‌نینك اوغلی یعقوب آخونددین اوچ یوز الیك تنکه‌کا مدیون دورمن ثمن مذکورنی طلب قیلغان وقتیدا بلا مناقشه ادا قیلورمن دیب اوشبو قولوم‌نینك راستلیقی اوچون وثیقه شرعیه تسلیم قیلدیم

حضارالمجلس محمد نیاز بای تاش بای‌لار شاهد دور

١٨

ینه بر وثیقه خطی.

تاریخقه برمینك اوچ یوز اوتوز بش ماه‌صفرنینك توقوزی ایردی من‌که

عمر آخوند ابن ابوبکر آخوند دورمن بو طریقه‌دا اقرار صریح معتبر شرعی قیلدیم که عثمان آخوند ولد عبدالرحمان آخونددین بش یوز تنکه پلغه مدیون دورمن ثمن مذکورنی مدّت بش آیدا بلا تاخیر یتکوزوب بریب ادا قیلورمن بیزلار شهردین قاسم آخوند ولد هاشیم آخوند و باقی آخوند ولد صمساق آخوندلار دورمیز مذکور بش یوز تنکه‌کا بیزلار کفیل زر دورمیز قچان که اوز وقتیدا برالمماسه بیزلار بورمیز وثیقه‌غه کفیل زرلیك توشتوك

حضارالمجلس ابراهیم آخوند اسکندر آخوندلار شاهد دور

١٩

ینه بر وثیقه.

تاریخقه بر مینك اوچ یوز الیك التّه ماه جمادی الاوّل‌نینك تورتی ایردی من‌که قوم ارتقدین قاسم خواجه‌نینك اوغلی ملا یونس‌دورمن اقرار شرعی قیلدیم بو جمله‌غه کیم شهرلیك سعید آخوندنینك اوغلی تورسون آخونددین سکسن چارك بغدایغه تورت یوز سکسن تنکه الدیم مذکور بغدای‌نی اورما وقتیدا اوز اولاغلاریم بیلان یتکوزوب بریب وثیقه‌منی تاپشوروب الورمن اکر وقتیدا برمای حکومت بریدین کشی چیقسه خدمتی‌نی اوزوم برور بولدوم دیب اوشبو سوزوم‌نینك راستلیقیغه بو خطنی بردیم.

حضارالمجلس ملا موسی آخوند یونس آخوند قربان حاجیلار شاهددور.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

۲۰

مدیونلوق بیلان وکالت خطی

تاٴریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه محرم‌نینك بشیده و مینك‌کوه‌نینك یکرمنجی یلی بشنجی ای‌نینك اونیدا من‌که توقوز اریق کُل باغدین توردی آخوند ولد نیاز حاجیم دورمن اقرار شرعی قیلدیم بو جمله‌غه کیم مذکور کنتلیك شریف آخوند ولد نور آخونددین یکرمه بش سر کموش رایج‌الوقت‌غه مدیون بولدوم مذکور پل‌نی مدّت الته آیدا بلا تاٴخیر ادا قیلامن مبادا برالماسام یاکه غایب بولسام اول‌موضع‌داکی آتام‌دین میراث قالغان تخمیناً بر چارکلیك یریم‌نی خواهلاسه بیع جائز قیلیب خواهلاسه نرخ روز ساتیب ذمّمداکی قرضیم‌نی ادا قیلورغه یاکه اوزی‌خنیغه بورلاب الورغه مذکور دائن‌نی وکیل عام شرعی قیلدیم مذکور یرنینك حد شرقی راه‌عام حد جنوبی اوزوم‌نینك یریکا متصل فاصل قیر غربی مو اوزوم نینك یریکا متصل فاصل اورك و شمالی باقی آخوندنینك باغیغه متصل فاصل تام

حضار‌المجلس باقی آخوند سلیم آخوند توخته چونك‌لار کواه‌دورلار

۲۱

وثیقه خطی.

تاٴریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه رجب‌نینك بشی ایردی من‌که یونس آخوند خمداچی ولد ایوب آخوند دورمن بو طریقه‌دا اقرار صریح معتبر شرعی قیلدیم‌که قربان آخوند ولد نیاز آخونددین اون مینك پشیق خشت‌غه مدیون

دورمن مذکور اون مینك خشتنی ایکی آی مدّتده تماماً توکاتیب بریب ادا قیلماقچی بولدوم مذکور خشتغه یوز سر تنکه پل الماقچی بولوب حاضر یتمیش بش سر پلنی قولومغه تاپشوروب الدیم باقی یکرمه بش سر پلنی خشتنی تماماً یتکوزوب بریب الور بولدوم بو سوزوم خلاف بولماسون دیب اوز تیلیمدین وثیقه بردیم

حضارالمجلس عمرآخوند صاحب اوسته توردی آخوندلار شاهد دورلار

۲۲

اوتونچی برکان وثیقه

تاٴریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه شعباننینك توقوزیدا منکه ینکی دروازه تاشی سوقاکولباشیدین توردی آخوند زرینه ریش ولد عبدالله بای دورمن اقرار شرعی قیلدیمکه وانك لویی‌دین یکرمه بش سر جین جیکده اوتونیغه مدیون بولوب بر سر جنیغه اوتوز اوچ تنکه‌دین نرخ ایتیب پلومنی تماماً تاپشوروب الدیم اوتوننی مدتی التە آیدا بلا تاٴخیر بریب ادا قیلامن دیب وثیقه بردیم

حضارالمجلس عثمان آخوند ولد نور آخوند روزی آخوند ولد شریف آخوندلار شاهددور.

۲۳

رسید خطی.

تاٴریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه محرمنینك توقوزی ایردی منکه

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کریم اخوند ولد رحیم اخونددورمن بو طریقەدا اقرارصریح معتبر شرعی قیلدیم‌که عبدالعزیز بای ولد عبدالرشید بای‌نینگ زمّەسیده مال ساتقان سکسن سر پلوم بارایدی مذکور پلوم‌نی اوز وعدەسیده تماماً بی باقی قولومغه یتکوزوب بردی تاپشوروب قبض تصرّفیمغه الدیم مذکور موصوف‌نینگ زمّەسیدین مذکور پل بارەسیدین حقیم قالمادی اوز مهروم بیلان خط رسید قیلیب بردیم

حضارالمجلس قاسیم بای هاشیم بایلار شاهددور

٢٤

## تجهّز خراجتی وثیقه خطی

تاٴریخقه بر مینگ اوچ یوز الیك الته ماه رجب‌نینگ تورتیده ارا باغدین ملا روزی چونگ‌نینگ اوغلی صدیق آخوند اقرار شرعی قیلدیم‌که متوفّی اهلیم حافظ بی‌بی‌نینگ اولوملیك تکفین تجهّز اسقاط صلوة نذره نذورات‌لاریگا چیقان هر ذنلیك چقیم‌لارینی متوفّی مذکورنینگ اتاسی محمد رحیم آخوندغه دخله کلتورمای اوزوم توکاتماکچی بولدوم بو سوزوم کین خلاف بولماسون دیب اوز اقراریمدین خط وثیقه بردیم

حضارالمجلس توردی آخوند بهاوالدین آخوند موٴذن قادر آخوند عبدالله آخوندلار شاهددور

٢٥

## لادعوا خطی یاکه جی خطی

تاٴریخقه بر مینگ اوچ یوز الیك الته ماه رجب‌نینگ اون تورتی ایردی من‌که

جیکده کولباشیدین روزی خواجه ابن سلطان بای دورمن بو نوع اقرار صریح قیلدیم بو جملەغه کیم کهنه شهرلیك توردی بای‌نینك اوغلی غفّار چونکدا یوز الیك سر پلوم بار ایدی برمادی دیب امبانغه عرض قیلغانیمدا امبان بیزلارنی شریعت‌کا بیوردی شریعت الدیدا مُدّعی علیه مذکور منکر بولوب منده حق یوق دیب تورغاندا اهل صلاح‌دین بر نچه کشی اراغه توشوب صلح طریقه بیلان اتمیش سر پل الیب بردی من‌هم بو پل‌نی الیب راضی بولوب دعوایم‌دین اوتّوم مینینك مذکور غفّار چونکدا جنس دنیالیقدین هیچ حق و ایلغاقیم قالمادی من بعدالیوم بو توغرادا دعوا قیلسام دعوایم باطل و نا مسموع دور دیب اوشبونینك راستلیقیغه بو خطنی بردیم

حضارالمجلس موسی آخوند ناصر آخوندلار شاهددورلار

٢٦

اجاره خطی.

تاریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه رمضان‌نینك یکرمەسی ایردی من‌که سوکت محلّه‌سیدین ملا آخوندنینك اوغلی عبدالّله آخونددورمن اقرار شرعی قیلدیم بو جملەغەکه مذکور محلّه‌داکی بر دوکانیم‌نی تورت ایشیکلیك اوی بیلان قوشوب رحیم بای‌نینك اوغلی حاجی آخوندغه اون بش سر تنکه بدلیده بر یل‌لیق اجاره‌کا قویدوم بدل اجاره‌نینك سکیز سرینی نقد الدیم قالغان یته سرینی یل تمام بولغاندین کین الورمن معلوم مدّت تمام بولغونچه اورنیدین قوزغاماس و غیر اذیّت یتکوزماس و عمارت‌نینك بناسیغه ضرر

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

کلتورکودیك بولماغان هر قانداغ ایش‌نی قیلسه منع قیلماس بولوب اوشبو قولیم‌نینك راستلیقیغه بو خطنی بردیم

حضارالمجلس عبدالباقی آخوند ملا صوفی چونك حسن خواجه‌لار گواه‌دور

۲۷

یته بر اجاره خطی

تاریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه شوال‌نینك یکرمه الته‌سی ایردی من‌که تمور محلّه‌سیدین قربان بای ابن ثابت خواجه‌دورمن اقرار شرعی قیلدیم بو جمله‌غه کیم تراك کنتیده کائن معلوم الحدود اون بش چارکلیك یریم و بر حویلیم باغی بیلان قوشوب شول کنت‌ده اولتوروغلوق احمد آخوندنینك اوغلی شاکر آخوندغه اوتوز بش سر بدلیده بر یل‌لیق اجاره‌گا قویوب بدل اجاره‌نی تماماً تاپشوروب الدیم دیب اوشبو قولیم‌نینك راستلیقیغه بو خطنی بردیم

حضارالمجلس نیاز آخوند زین‌الدین آخوند رحیم آخوندلار شاهددور

۲۸

اجاره خطی.

تاریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه جمادالاوّل‌نینك توقوزی ایردی من‌که باقی بای ولد احمد بای دورمن بو طریقه‌دا اقرار صریح معتبر شرعی قیلورمن‌که قورغانداکی بر حویلی یته ایشیکلیك اوی و حویلی‌صحنه باغ درخت مثمر و غیری مثمرلاری برله قوشوب میوه کوك منافعلارینی اسلام بایغه

یکرمه سر کموشکا توقوز آیلیق عقده اجاره قیلیب اون سر پلنی نقد الدیم باقی اون سرنی مدّت تمام بولغاندا الور بولدوم وقت تمام بولغونچه من موجر باغ سو سلیدین اوزوم خبر الیب مستأجر مذکورغه خرخشه قیلماس بولدوم مستأجر مذکور هم باغ درخت‌لاری‌نینك تنه‌سیکا و حویلی اسکنات‌لاریکا دخل زیان یتکوزماس بولدی یورت خنیه‌لارینی من موجر اوزوم برور بولدوم دیب اوز تیلیم‌دین مُهر باستوروب تمسّك قیلیب بردیم

حضارالمجلس ابراهیم آخوند قاسم چونك‌لار شاهددور

۲۹

بیده‌زارلیق اجاره خطی

تأریخقه بر مینك اوچ یوزالیك الته ماه ذوالحجه‌نینك اونیدا من‌که شهر عیدکاه‌دین ساماساق حاجی‌نینك اوغلی قوتلوق آخونددورمن اقرار شرعی قیلدیم‌که سرمن فایناباداکی بیده‌زارلیق تورت ایتیز یریم‌نینك ایکی یل‌لیق کوك اجاره‌سی‌نی محمد نیاز آخوندنینك اوغلی توخته آخوندغه یتمیش سر کموشکا عقد اجاره‌کا ساتیب بدل اجاره‌نی نقد الدیم مدّت تمام بولغونچه یرکا دخلیم یوق دور

حضارالمجلس یونس بای اسمائیل چونك‌لار شاهددور

۳۰

زمین تفراق اجاره خطی.

تأریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه محرم‌نینك الته‌سی و مینك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کوه‌نینك یکرمه التنجی یلی اوچونجی آی‌نینك اون توقوزی ایردی من که کامرا کنتیدین زبیده بی‌بی بنت اخلت بای‌دورمن اقرار صریح معتبر شرعی قیلدیم‌که مذکور کنت‌داکی ایکنجی سکیز مو یریم‌دین اوچ مو یر آریب اون تورت آیلیق زمین‌نینك تفراقی‌نی عبدالله خشتچیغه یکرمه تورت سر تنکه‌کا ساتیم زمین‌نینك تفراق پلی‌نی تماماً بی‌باقی قولوم‌غه تاپشوروب الدیم مذکور یرنینك خنیه البان یاساق عشر اوتون سمان لوازمی‌نی اوزوم برور بولدوم دیب اوز اقراریم‌دین بیکیم‌نینك مهری برله وثیقه بردیم مذکور اوچ مو یرنینك کون چیقیشی قولومدا قالغان یرکا متصل فاصله قیر کون یوروشی راه‌عام کون اولتوروشی مستاجرنینك یریکا متصل فاصله اورك شمالاً قولومدا قالغان یرکا متصل فاصله اورك شبو اوچ مو حدود ایچیداکی درخت‌لار من‌موجرکا قالور خالص زمین تفراقی‌نی اون تورت آی مدّت‌غچه مستاجر عبدالله خشتچیغه عقده اجاره قیلیب بردیم مذکور یرنینك ازکال‌لارینی مستاجر عبدالله خشتچی اوزی توزلاب برادورغان بولغان‌دور حضارالمجلس یوسف آخوند قادر آخوند سعید آخوندلار شاهددور

۳۱

رهن خطی.

تاریخقه بر مینك اوچ یوز الیك‌الته ماه صفرنینك اون تورتی و مینك‌کوه نینك یکرمه التنجی یلی تورتونجی آی‌نینك یکرمه التنجی ایردی‌من که‌چدرکنتیدین اسماعیل بای ولد یوسف حواجه‌دورمن اقرار شرعی قیلدیم بو جمله‌غه کیم مذکور کنت‌ده کائن اون یته مولوق یریم‌نی شهرلیك اسلام آحوندنینك اوغلی ملا قوتلوق

آحوندغه یوز سر تنکه‌کا بیع جایز مع الاذن بالانتفاع قیلیب بردیم مدّت بر یلدا ثمن مذکورنی تاپشوروب بریب فك رهن قیلورمن دیب اوشبو قولیم‌نینك راستلیقیغه بو وثیقه‌نی بردیم معهود یرنینك حد شرقی سید حاجی‌نینك یریکا متصل فاصل قیر غربی ملا یونس‌نینك باغیغه متصل فاصل اریق شمالی ملا باقی‌نینك یریکا متصل تیرکان جنوبی راه‌عام‌غه متصل‌دور

حضارالمجلس امام عبدالباقی آحوند ملا صوفی چونك حسن حواجه‌لار شاهددور

٣٢

یته بر رهن حطی:

تاٴریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه رجب‌نینك سکزی ایردی من‌که تاش محلّه‌سیدین صمساق آحوند ولد حلیل حلفت‌دورمن بو طریقه‌دا اقرار صریح معتبر شرعی قیلورمن‌که مذکور محلّه‌ده اولتوروغلوق اوی‌لاریم‌دین سکز ایشیکلیك اوی و حویلی صحنه‌سی یول رویشی حدودلاری بیلان قوشوب بش یوز سر کموشکا سوداکر عبداللّه بای ولد قاسیم بای‌غه مع الاذن بالانتفاع رهن قیلیب بردیم بر یل مدّت‌دین کین فك رهن قیلیب الورمن مبادا مدّت اچیده پلنی راستلاب برالماسام مرهونه اوی‌لارنی رایج‌الوقت ساتیب پلی‌نی الماق اوچون اوز اورنومدا عبداللّه بای‌نی وکیل مطلق العنان قایم مقام نفس حود قیلدیم حط پوجو لارینی شنجانك‌نینك قولیغه تاپشوروب بریب مکان مذکورنی تاپشوروب بردیم

حضارالمجلس توردی چونك توحته آحوند شریف امام شاهددورلار

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

٣٣

رهن خطی.

تاریخقه بر میك اوچ یوز الیك الته ماه محرم‌نینك اوتوزیده من‌که قورام لیق تاش باغدین اسماعیل آخوند ولد عشور آخوند دورمن اقرار شرعی قیلدیم و جمله‌غه کیم مذکور موضع‌داکی اتام‌دین میراث قالغان تخمیناً ایکی چارکلیك یریم‌نی نورالدین آخوند ولد اشراف خواجه‌غه اوتوز سر رایج‌الوقت‌غه بر یل‌لیق بیع جائز علی سبیل‌الوفا مع الاذن بالانتفاع رهن شرعی قیلیب بردیم مذکور پل‌نی بر یل تمام بولغاندا بریب بیع‌نی فتح قیلورمن دیب وثیقه بردیم معهود یرنینك حد شرقی نیاز آخوندنینك یریکا متصل فاصل تیرکان غربی ملا بای‌نینك ملکیغه متصل تام شمالی اوز ملکوم‌کا متصل فاصل قیر جنوبی راه‌عام‌غه متصل دور و کان حذار

حضارالمجلس فقرنینك یورتیدین محرر امین آخوند برات آخوندلار شاهد دورلار

٣٤

زمین بخشنده خطی.

تاریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه صفرنینك بری اردی من‌که اصلیم سای اریق اوتوبچلیق‌دین علی باقی بای موی سفید اتمیش یاشار ولد عبدالباقی بای دورمن اقرار شرعی قیلدیم که مذکور کنت‌ده مینك میراث تخمیناً اون بش چارکلیك یریم‌نی تابع درخت قدیم یول اریق‌لاری برله اوز اوغلوم داود آخوندنینك اوز حق خالص و ملك مخصوصی‌دور من مقرّ‌رنینك اول زمینده یا تابع درخت‌لاردا اصلا حقیم یوق‌دور مندین کین اولادیم‌دین احدی ظاهر بولوب

دخل تعرض و دعوای خصومت قیلسه عندالشرع غیر مسموع و نا جائزدور مذکور یرنینك حدشرقی احمد آخوند سلیمان آخوندلارنینك ملکیکا متصل فاصل اریق جنوبی سیف‌الله حاجی‌نینك وارث‌لاری‌نینك یریکا متصل فاصل تیرکان غربی عام اوستانك‌کا متصل شمالی عام اریققه متصل‌دور

حضارالمجلس هاشیم آخوند لطف آخوند فقیرنینك ینه بر اوغلی عوْل آخوندلار شاهد دور

۳٥

ینه بر بخشنده خطی:

تائریخقه بر مینك اوچ یوز الیك التە ماه صفرنینك ایکی‌سیده من‌که آباد کامرادین توردی آخوند کندم روی ولد فولاد آخونددورمن اقرار شرعی قیلدیم‌که مذکور موضع‌داکی ایکی ایشیکلیك اویوم حویلی مرعی اسکنه حقوق مرافق تابع درخت‌لار یولی برله و ینه اوی ایچیداکی قلیل و کثیر کل اوی سرانجام اسباب خانه‌لار اهلیه‌م حلیمه بی‌بی بنت یوسف آخوندنینك اوز حق خالص و ملك مخصوصی‌دور حق و دخلیم یوق‌دور ملك مذکورنینك حدشرقی امین آخوندنینك باغیغه متصل فاصل تام غربی صوفی ملام‌نینك ملکیکا متصل فاصل تام جنوبی یعقوب آخوندنینك یریکا متصل فاصل تام شمالی آخوند بای‌نینك حویلی سیغه و بعضی‌سی راه خاص کوچه‌غه متصل‌دور

حضارالمجلس توخته آخوند ولد برات آخوند روزی آخوند ولد غفر آخوند باقی آخوندلار شاهددور

ئەۋلاد گۈزۈپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

۳٦

## زمین خطی.

تاٴریخقه بر مینك اوچ یوزالیك التـه ماه صفرنینك اوچی و مینك کوه‌نینك یکرمه التنچی یلی تورتینچی آی‌نینك اون بشی ایردی من که ثرشابغه تابع تولکی‌چی کنتیدین یعقوب بای‌نینك اوغلی محمد باقی دورمن اقرار شرعی قیلدیم بو جمله‌غه کیم مذکور کنتداکی قدیم‌قی عقبه‌سیدین سو کیرادورغان ایکنچی خوداکی توقوز مولوق یریم‌نی تابع درختلاری بیلان قوشوب هاشیم خواجه‌نینك اوغلی تاش بایغه ایکی یوز الیك سرکا ساتیب خنیه‌کا بورلاب بردیم ثمنی‌نی تماماً تاپشوروب الدیم اول زمینده مینك من کل الوجوه حق و تعلقوم قالمادی دیب اوشبو قولیم‌نینك راستلیقی اوچون اوشبو وثیقه‌نی بردیم مذکور یرنینك حدشرقی یوسف آخوند و موسی آخوندلارنینك ملکیکا متصل فاصل زیکش غربی سلیم حاجی‌نینك ورثه‌لاری‌نینك حویلی‌سیغه متصل فاصل اریق شمالی قاسم بای‌نینك یریکا بعضاً کول‌نینك لبیکا متصل فاصل تیرکان جنوبی حلیمه آغچه‌نینك باغیغه متصل فاصل تام

حضارالمجلس ملا فیض‌الله آخوند سپورکی آخوند موٴمن آخوندلار شاهددور

۳۷

## ینه بر زمین خطی.

تاٴریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه صفرنینك تورتی و مینك کوه‌نینك یکرمه التنچی‌یلی تورتینچی آی‌نینك اون التـه‌سی ایردی من که قورغان ایشیکدین ابراهیم آخوند ولد اسکندر بای دورمن بو طریقه‌دا اقرار صریح

معتبر شرعی قیلورمن‌که مذکور محله‌ده اتا میراث بش ایشیکلیک بر حویلی صحنه‌سی بیلان اسماعیل بای ولد اسحق آخوندغه غبن غروریدین اوتوب بقیمت عدل رایج‌الوقت یته یوز سر کموشکا ساتیب پلی‌نی تماماً توکاتیب بی‌باقی قبض تصرّفیم‌غه الدیم مذکور حویلی باره‌سیدا جنس دنیالیق حقیم قالمادی رهن ایماس وقف ایماس کین ایرته منینک اولادیم‌دین براو و یا غیری دعوا قیلسه شرع الدیدا باطل و نا مسموع بولسون دیب قاضی‌کرام‌لارنینک مهرینی باستوروب خنیه‌کا بورلاب بردیم مذکور یرنینک کون چیقیشی مدرسه‌نینک وقفیغه متصل فاصل اوق تام کون یوروشی قاسیم حاجیم‌نینک ورثه‌لاری‌نینک اوییکا متصل بعضاً کریم آخوند بوباتی‌نینک اوییکا و بعضاً صمساق قصّاب نینک حویلی صحنه‌سیکا متصل فاصل تام کون اولتوروشی کیپک بای‌نینک حویلی‌سیغه بعضاً راه خاص کوچه‌غه و بعضاً قادر اشپزنینک حویلی تامیغه و بعضاً عثمان آخوندنینک اوییکا متصل فاصله تام شمالی خدا بردی آخوند ورثه‌لاری نینک حویلی‌سیغه و بعضاً راه‌عام‌غه متصل فاصل بو ایدی صورت واقعه تحریر تاپتی

حضارالمجلس قاسیم آخوند امام کریم آخوند مؤذین اسماعیل چونک‌لار شاهددور

۳۸

وقف منافع خطی

تاٴریخقه بر مینک اوچ یوز الیک التە ماه صفرنینک بشی و مینک کوه نینک یکرمه التنجی یلی‌تورتینچی آی‌نینک اون‌یته‌سی ایردی من‌که اسماعیل آخوند

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ولد ابرهیم آخونددورمن بو طریقه‌دا اقرار صریح معتبر شرعی قیلدیم‌که
مینکلیق موضعی آی کولداکی بر غلبرلیق مو حسابیدا تورت‌مو اولاد وقف یریم
نینك اون یل‌لیق منافع‌لارینی حسن بای ولد محمد بایغه قرق سر پلغه
زمینی وقف اسکناتی ملکلیککا ساتیم زمین مذکورغه هر نمه اسکنه قیلسه
مشتری مذکورنینك‌کی‌دور من مشتری مذکور اسکنه باره‌سیدین دخل تعرضیم
یوق دیب اوز تیلیم‌دین بیك و یوز باشی‌نینك مهرینی باستوروب خنیه‌کا
یورلاب بردیم حدود اربعه‌سی کون چیقیشی کریم آخوندنینك یریکا متصل
فاصله قیر کون یوروشی قادر آخوند ورثه‌لاری‌نینك یریکا متصل فاصله اورك
کون اولتوروشی عبدالرحیم آخوندنیتك یریکا متصل بعضاً حویلی مسجدنینك
وقفیغه متصل فاصله اریق شمالاً عثمان آخوندنینك و بعضاً توردی آخوندنینك
یریکا متصل فاصله تیرکن و بو ایدی کل فواصل الحدود تحریر تاپتی و کان ذالك
بمحضر من العدول والثقات

حضارالمجلس عبدالله آخوند خاطب حلیم آخوند امام سلیم آخوند
مؤذن شاهددور

٣٩

وکالت نامه·

تأریخقه بر مینك اوچ یوز الیك التّه ماه صفرنینك التّه‌سی ایردی
من‌که توردی حاجی‌نینك اوغلی موسی حاجی‌دورمن اقرار صریح قیلدیم بو
جمله‌غه کیم ختن‌لیك صابر آخوند ابن عبدالرسول آخونداکی وثیقه‌لیق اوچ یوز
سر پلومنی اوز اورنومدا قبض استیفا قیلماق اوچون کاشغرلیق حسین آخوند

ابن زاین‌الدین حاجی‌نی وکیل مطلق العنان قایم مقام نفس‌خود قیلدیم عندالاقرار
پل‌نی الیب وثیقه‌نی تاپشورور عندالانکار محکمهٔ شرعیکا مرافعه قیلور دیب
اوشبونینك راستلیقیغه بو خطنی بردیم
حضارالمجلس احمد آخوند سلیمان آخوند شاهددور

٤٠

زمین وکالت خطی.

تاٸریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه صفرنینك یته‌سی و مینك‌کوه‌نینك
یکرمه التنجی یلی تورتینجی آی‌نینك اون توقوزی ایردی من‌که عظیم آخوند ولد ناصر
آخونددورمن بوطریقه‌دا اقرار صریح معتبر شرعی قیلورمن‌که ینکی کنتیده
تخمیناً اون چارکلیك زرخرید ملك میراث یر و تعلوق درخت‌لاری برله
رایج‌الوقت ساتماق اوچون سلیم آخوند ابن کریم آخوندنی قایم مقام نفس
خود وکیل مختار قیلیب زمین وثیقه‌لارینی مذکور موصوف‌نینك
قولیغه تاپشوردوم وکان ذالك بمحضر من‌العدول والثقات
حضارالمجلس احمد آخوند قاسیم آخوند حکیم آخوند صایم آخوندلار شاهددور

٤١

اجرت خط.

تاٸریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه صفرنینك سکزی ایردی
من‌که شهر اچی آق اوردا محلّه‌سیدین محمد نیاز آخوندنینك اوغلی توردی
آخونددورمن اقرار شرعی قیلدیم بو جمله‌غه کیم اوتاك بازار داکی توردی نیاز

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

آخوندنینك اوغلی اسلام بایغه بر آی یعنی اوتوز کون یغاچیلیق ایش قیلیب برماکچی بولدوم بدل اجرت بر آیغه یته سر بولدی ثمن‌نینك نصفی‌نی حاضر قولومغه الدیم قالغانی‌نی کونلوك حسابلاب هر هفته‌ده الماقچی بولدوم دیب اوشبو قولومنینك راستلیقی اوچون بو خطنی بردیم

حضارالمجلس قادر آخوند امین آخوندلار شاهددور

۴۲

کرا خط.

تأریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه صفرنینك توقوزی و ۱۹۳۷ نجی یلی تورتونجی آی‌نینك یکرمه بری ایردی من‌که قورغانغه تابع یشیل کول کنتیدین ملا روزی ابن عید بای‌دورمن اقرار شرعی قیلدیم بو جمله‌غه کیم کریم آخوند ابن محمد نیاز حاجی‌نینك اون اط یوکی‌نی اوشقه یتکوزوب برکالی کرا قیلدیم هر بر اطنینك کراسی اون بر سردین اون اطنینك کراسی بر یوز اون سر بولدی نصفی الیك بش سرنی نقد قولومغه الدیم باقی نصفی‌نی یوکنی یتکوزوب بریب آلورمن اکر یولدا بر حادثه بیلان مالغه ضرر نقسان یتسه اول مینك زمّه‌مکا دور دیب اوشبونینك راستلیقیغه بو خطنی تسلیم قیلدیم

حضارالمجلس طاهر حاجی ذاکر حاجی شاکر حاجی‌لار شاهددور

۴۳

نیمکارلیق خط.

تأریخقه بر مینك اوچ یوز الیك الته ماه شهر صفرنینك اونی

ایردی من‌که توردی نیاز آخوند ولد ابراهیم آخونددورمن بو طریقه‌دا اقرار صریح معتبر شرعی قیلورمن‌که کریم آخوند نان بای ولد رحیم آخوندغه نیمکار ایشلاب برماکیم اوچون آیدا بر سردین و یماك ایچماکیم‌نی مذکور کریم آخوند برادورغان بولوب دورمن هم هر آی ایشلاکان پلوم‌نی قولوم‌غه الیب مطیع فرمان برادر بولوب حذمتی‌نی بجا کلتورادورغان بولوب اوز تلیم‌دین بو خطنی تسلیم قیلدیم

حضارالمجلس موسی آخوند و عبدالله آخوندلار شاهددور

٤٤

## شراکت نامه

تاٴریخقه بر مینك اوچ یوز الیك التە ماه شهری صفرنینك اون بری و مینك‌کوه‌نینك یکرمه التنجی یلی تورتونجی آیی و تاٴریخ میلادی‌نینك ۱۹۳۷نچی یلی اپریل آی‌نینك یکرمه‌اوچی ایردی بیزکه اهل تجارلاردین عبدالواحد بای محمد شریف بای اوغلی و عبدالعزیز بای میرزا کریم جان اوغلی‌دورمیز بو طریقه‌دا عهد پیمان اوز رضا رغبتیمیز بیلان باغلایدورمیزکه من عبدالواحد بای الیك مینك تنکه نقد پل و من عبدالعزیز بای الیك مینك تنکه نقد پل سالغان بیز ایکیمیزنینك یوز مینك تنکه پلی بولدی بیز ایکیمیز شریکچیلیك اختیار قیلیب مذکور پلغه خرید قیلیب بیع و شرالزومیده کم وکوسلوق قیلمای حتی‌المقدور سعی تلاش قیلیب بریمیز کاشغردا ینه بریمیز اندیجاندا توروب ارسال مرسولدا سهولت قیلمای وقتی‌نی اوتکوزمای شریکچیلیك قیلورمیز حضرت تبارك و تعالی هر نرسه انتفاع قیلسه انصافاً الور

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولدوق نصفا نصف الورمیز مبادا بر نرسه ضرر بولسه ضررنی تنك تارتامیز
مال‌نینك کرا کیکیز شوینه ارغامچی قطارلیق چقیم‌لارینی توپه‌سیده قویماقچی
بولدوق خراجات حجره کراسیدین باشقه‌سی اوز زمه‌میزکا بولور دیب بر نچه
اشراف اهل تجار الدیدا قلمیمیز بیلان اوز مهرومیزنی قیلیب شریکچیلیك‌نینك
عهد و پیمان نامه‌سی‌نی قیلدوق ایکیمیزنینك اوتراسیدا یاداشت قیلیندی واللّه
مانقول شهید ایشان سید حاجی تراب حاجی سید احمد شاه‌لار
شاهد دور

٤٥

شریکچیلیك خط.

تاریخقه بر مینك اوچ یوز الیك التـه ماه صفرنینك اونی ایردی بیزلارکه
اوردا ایشیکی محله‌سیدین نانبای ملا عثمان شریف بای اوغلی و نانبای ملا نعمان
ضریف بای اوغلی دورمیز بیز ایکیمیز شریك بولوب نانبایلیق دوکانغه تورت
مینك تنکه پل سالدوق نیمکارلیق و شاکرد چیقیمی‌نی اوتون شاخ‌نینك
چیقیمی‌نی چیقاریب هر نرسه انتفاع قیلسه برابر آنور بولدوق دیب اوز
قولیمیزنینك راستلیقیغه شبو خطنی مهر قاضی‌لار بله قیلدوروب صاحب
تکبیر ملا صمساق خلفتیم‌کا امانت تاپشوردوق
حضارالمجلس امام شریف آخوند موذن اسلام آخوندلار شاهد دورلار

٤٦

اعلام نامه.

محکمهٔ عالیه‌دین اعلام و اعلان بوکه فلانی متوفّی‌نینك اموال و

اجناسلاری بطریق لیلامی ساتیلادور دوشنبه کونی ساعت اون ایکیده تمام مشتریلار حاضر بولغایلار

٢٧ اپریل سنه ١٩٣٧

٤٧

## اشتهار

اهل تجار حکیم حاجی ابن عظیم حاجی‌نینك بیلیندوروب چیقارغان اشتهار نامه‌سی‌نینك اوچوری کمینه حکیم حاجی بو نوبت قالکوتا بومبای طرف‌لاریکا باریب اصل مرغوب مال‌لاردین الیب کلدیم کزمال‌نینك هر قسمیدین کمخواب و طوارنینك هر رنك‌لاریدین دارو بار چای‌لارنینك افضلیدین تخته بند دارو لارنینك اوّلی جدوار نافه و سنبل طیب و معجونلاردین معجونی یاقوتی بو طرف‌لارده موجود بولمایدورغان هر قسم معجونلاردین جوهرلاردین هیچ وقت هیچ کشی احدی من‌الناس کلتورماکان نرسه‌لاردین الیب کلیب دورمن چونك رسته‌نینك آغزیدا الته دوکان همه دوکانلارده مذکور مال‌لاردین چیقاروومیز مشتری محتاجلاردین کلیب الغایلار برکت البایع والمشتری

سنه ١٣٥٦ صفرنینك اونیدین باشلاب والله متوکّل الهادین

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# ایکـنجی جزٔ

## لـغـت

## ا

ابن: اوغـول

اتّفاق: یراشماغلیق برلاشماکلیك

اجناس: جنسلار، قسم‌لار

احد قدیم: اوّلدین بر، کهنه‌دین بر

احـد من النّاس: کشیلاردین بر کشی

اذّیت: ضرر، زیان

اربعه: تورت

ارجمند: حرمتلیك ، یخشی

ارسال: ایبارماك ، قویوب برماك

استفسار: سورماغلیق

استیفا: بر کشی‌نینك باشقه آدمده بار پُلی‌نی قـولیغـه تاپشوروب الیب بولماقی

اسرار: یاشورماغلیق، سرّلار

اسقاط صلوة: اولـکان کشی توغـراسی دین محله خلقیغه بریلادورغان نماز حـقی هم یکان پُل

اسکنات: اوی‌نینك هر نمه‌سی مثلاً تام توروس بوساغا و انداغ نرسه‌لار

اسـکنه: اوی‌نینك بر نمه‌سی

اسن: ساق، تنج

اسنلیك: ساقلیق، تنجلیق

اشـتـهـار: شـهـرّت برماکلیك، بیلـیندورماکلیك

اشتیاق: آرزو، ساغینماغلیق

اشراف: اولوغلار ، حرمتلیك‌لار

اضطراب: بی‌آرام‌لیق، الدیراش‌لیق

اظهار: اشکارا، معلوم قیلیش

اعـنی: یـعـنی

اعلام: بیلیندورماکلیك

اعلان: همه خلققه بیلیندورماکلیك

آفـرین: یراتغوچی

آفرین: اوبدان، یخشی بولدی!

آفــرین دیماك: دانكلاماق

افزا: زیاده قیلادورغان

افضل: یخشی و یا همه‌دین یخشی

اقبال: بخــت

اقباله: انینك بختی

اقربا: یقین‌لار، توقانلار

اقرار: اشكارا قیلماغلیق،معلوم قیلماغلیق

اقرار صریح معتبر شــرعی قیلماق: شــریعت‌نی اعتبار قیلیب اوچوق اقرار قیلماق

البائع یاکه بائع
البایع یاکه بایع
} ساتادورغان کشی

التفات: چونك کشی اوز خوشلوقی و خواهیشی بیلان کچیکراك کمرسه‌کا قیلغان یخشی ایش، مرحمت

التماس: یالباریش

الحمدلله: خداغه شکر

الحمدلله والمنه: التفات مرحمتی اوچون خداغه شکر (بولغای)

العنان یاکه عنان: یوکان و یا نوختــه

تاسماسی، جلاو، تیزکین

الفاضل: اولوغ، نهایت افضل

المشتری یاکه مشتری: الادورغان کشی

الممنونیت یاکه ممنونیت: خوشلوق

الناس یاکه ناس: کشی، آدم

امان: تنچ

امن و امان: تنچ سلامت

اموال: مال‌لار

انتظار: ساقلاب تورماغلیق

انتفاع: فائده

انجام: بر نمه‌نینك نهایتی و یا بر ایش‌نینك آخری

اندیشه: انسیزلیك برله اویلاماغلیق

انشاءالله: اکر خدا خواهلاسه

انصافا: برابر

اهل تجار: الیب ساتقوچی‌لار، تجارت قیلغوچیلار

اهل صلاح: صلح قیلادورغانلار

اهل عیال: بلا بارقه

اهلیه; خاتون

ایلغاق; تارتادورغان، الیب الادورغان

ئەۋلاد گۆرۈپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## ب

باادب: ادب برله

باادب سراسر: باشدین باشغچه یاکه باشدین اياقغچه ادب برله، تمام ادب برله

بارگاه: اوردا

باطل: یالغان، بیکار، بوزوق

باعث: سبب

باعث وجودوم: بارلیقیم‌نینک سببی

باقی: قالادورغان

بائع (بایع): الادورغان

بجا: راست، اوز جاییدا

بحسب شرعی: شریعت‌غه موافق

بختیار: بخت دوست

بخشنده: برگوچی

بخلاف: خلاف برله یاکه یالغان برله

بدل: بر نمه‌نینک اورنیغه بریلادورغان نرسه، بها

بر قرار: محکم توختاغلیق

برکت البائع والمشتری: ساتقوچی و الغوچیغه برکت (بولسون)

بطریق لیلام: لیلام طریقه‌سیدا

بعدالیوم: بوکوندین کین

بقیمت: بها برله

بقیمت عدل رایج الوقت: بو وقت نینک بهاسی برله برابر

بلا تأخیر: حیال‌سز

بلا مناقشه: جدل‌سز

بنا: اول

بنت: قیز

بهار: یاز

بهجت: خوشلوق، خوش صورت

بهجت افزا: خوشلوقنی زیاده قیلادورغان

بیحد: حدسز

بیع: ساتماغلیق

بیع جایز: ساتماغلیق درست

بیع جایز مع الاذن بالانتفاع: ساتماغلیق درست فائده‌سیگا اذن بریلگان

بیع و شرا: ساتماغلیق و الماغلیق

## پ

پدرانه: اتالیق

پریشان: ساچیلغان

پناه: یونالکوچ

پوجو یا که پون‌جو: خطای منصب داریدین توختاتیلغان خط

پیام: ( پیغام ) خبر

پیمان: قسم، وعده

## ت

تابع: برکیم‌نینك قولیدا بار ویا انکا قایلادورغان نرسه

تأخیر: حیال

تبارك: مبارك

تبریك: مبارکلاماکلیك

تبلیغ: یتکوزماکلیك

تجار: سوداکرلار

تجهز: اولوکنی یوب کفن قیلماغلیق

تحریر: پتوماکلیك

تحیت: سلام قیلماغلیق

تخته بند دارو: طبیب‌لار ایشلاتادورغان دارولارنینك همه‌سی

ترك: تاشلاماغلیق

تسلیم: تاپشورماغلیق

تسلیمات: تاپشورولغان پل و یا باشقه نرسه‌لار سلام‌لار

تصرّف: قولغه الماغلیق, تصرّفیم اوز خرجیم

تعرض: ارالاشماغلیق، عرض دعوا

تعطیل: توختایدورغان، اوقوشدین بیکار

تعلّق: برکیم‌نینك قولیدا بار یا انکا قایلادورغان نرسه

تمسّك: مهرلوق خط

تن:، تنه: بدن

توابعات: یا که توابع تابع‌لار

تیرکان چونکراق قیر

## ث

ثانیا ایکنجی

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ثمر: میوه
ثمن: بها

## ج

جامع: جمع بولادورغان، چونك مسجد
جاودان: همیشه
جایگاه: جای
جدالیق: آیریلماغلیق
جدوار: پارپی دیگان دارو
جمال: چیرایلیغلیق، صورت، یخشیلیق
جمال‌بهجت‌افزا: یخشیلیق خوشلوق زیاده قیلادورغان
جمله: همه‌سی، جمع
جناب: حرمتلیك کمرسه
جنس: قسم، خیل
جنوب: کون یوروش طرفی
جوهر: بر نرسه‌نینك اصلی، بر نرسه نینك یخشی‌سی

## ح

حادثه: واقعه
حتی‌المقدور: کوچ نینك باریچه
حجره کرا: کرا ایچیدا
حد: احاطه ( احاده )
حدود: حدلار، احاطه‌لار
حرمت: عزّت
حصاد: اورما وقتی
حصّاد: اورماچی
حضار‌المجلس: حاضر اولتورغانلار
حضرت: اولوغ کمرسه
حضرت تبارك و تعالی: مبارك حضرت ( خدا )
حضور: حاضر بولماغلیق
حفیظ: ساقلاغوچی
حمایت: ساقلاماغلیق، اراغه کیرماکلیك
حوادثات: خبرلار
حویله: حویلی

## خ

خاص: یالغوز، الیشتورولماغان
خاطر: کونگل
خالص: طرفدارلیق قیلمایدورغان

خراجات: خرجلار, چیقیم‌لار

خرخشه: قولاق اغریتادورغان کپ

خرسند: خوش

خصومت: دعوا, جدل

خطیب, جمعه اوقوغوچی, خطاب اوقوغوچی

خلاف: یالغان

خلق: خوی

خنیه: پادشاه‌لیق

خو: (خطای‌لارنینک) درجه(لاری)

خود: اوزی

خویش: اوروغ توقّان

## د

داخل: کیرکوچی

داعیات: دعا قیلغوچیلار

داین: قرض برکوچی

دخل: زیان

دخل تعرض: اراغه توشماکلیك، ارالاشماغلیق

در: مروارید

درکاه: اوردا

دریغ: ایاماغلیق، غم

دیدار: کوروشماکلیك

## ذ

ذم: عیب (قویماغلیق)

## ر

راه: یول

راه خاص: اوزی‌مانکادورغان یول

راه‌عام: همه کشیلارنینک یولی

رایج‌الوقت: اوز وقتی‌نینک بهاسی بازار نرخی

ربّ‌العالمین: عالم‌لارنینک پروردکاری و یا ایکاسی

ربیّم: خداوندیم

رجا: اُمید

رسا: توز

رساقد: توز بوی

رستکار: قوتولغان

رسید: یتکان

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى

رسید خط: بر کشی باشقه کشیده بار
پلی‌نی تاپشوروب الغاندا
یا ینه برکشیدین پل و یا
بولك نرسه امانت الغاندا
تاپشوروب الدیم دیب
اقرار قیلیب برکان خط

رضا: راضی, خوش
رغبت: خواهش
رفع: کوتارماکلیك
رفعت: ایکیز, اولوغ بولماغلیق
رفیق: شریك, همراه
رقعه: خط
روز: کون
روزکار: کون اوتوش
روی: یوز
رهن یاکه رهین: کرو
ریس یاکه رئس: سردار, باشچی
ریش: سقال

## ز

زارلیق: برنمه بار مثلا بر, بیده زارلیق
زاکو: توسانچی یغاچ
زرخرید: التونغه یعنی پلغه ساتیب
الادورغان نرسه
زمه: بویون, کردان
زیکش: زی‌نی تارتادورغان اریق

## س

سامی: اولوغ, دانکلانغان, ایکیز
سبب حیاتیم: تیریکلیکیم‌نینك سببی
سبق: ایلکاری بولادورغان, مکتبده
اورکانسون دیب بلاغه
بریلادورغان ایش
ستیق: ساتماغلیق
سراسر: باشدین باشغچه, باشدین
ایاغچه, تمام
سرافراز: باشی ایکیز
سعادت: بخت
سعی: تلاش, کونکل قویوش
سفید: آق
سلمه الله: خدا سلامت برسون
سنبل: بر قسم دارو
سنه: یل
سوسل: تولا کلکان سو
سونکره: کین
سهولت: بوشلوق, سستلوق

## ش

شام: اخشام

شرا: ساتيب الماغليق

شراكت: شريكچيليك

شرعيه: شريعتليق

شرق: كون چيقيش طرفى

شريف: اولوغ, عزيز, مقدّس

شفقت: امراغليق

شكر كذارليق: شكر ايتماغليق

شهر: آى

شهر الحرام: مقدّس ياكه حرمتليك آى

## ص

صاحب تكبير: دعا قيلغوچى

صبح: تانكاتار وقت

صبح شام: ايرته اخشام

صبى: نارسيده اوغول بلا

صحبت: مونكداش

صحت: ساق

صحنه: اوچوق حويلى

صحيح: درست

صريح: درست, توزوك, آشكارا

صونكره ياكه سونكره: كين

## ض

ضايع: ييتوركان, ييتكان, يوقاتغان

ضرر: زيان

## ط

طلب: تيلاماك

طيب: اوبدان, پاك

## ع

عافيت: ساقليق

عالى: ايكيز, اولوغ

عام: همه (خلق)

عدل: برابر, راست

عزت: حرمت

عزيز: حرمتليك

عرض داشت: عرض توتماغليق

عفّت: پاكليك, اوزينى كناه دين پاك ساقلاماغليق

عفّتليك: پاك

عقبه: (اخرى) نوبت, سو كيرادورغان جاى

عقده اجاره: توختاغان اجاره

على الدوام: هميشه

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

عن: ــ دين، اوتوب تورغان
عنان: یوکان و نوختەنینك تاسماسی، جلاو
عنایت: مهربانچیلیق
عند: برله، بر کیمنینك یانیدا و یا قولیدا خیال
عندالشرع: شریعت برله
عندالاقرار: اقرار قیلغاندا
عندالانکار: انکار قیلغاندا
عنقریب: پات یقین
عهد: وعده قیلیشماغلیق
عهد پیمان: توختاتیلغان کب یا وعده
عیال: بلاچقا
عین: کوز

## غ

غبن غروردین اوتماك: سودادا ناحقلیق قیلماسلیق
غرب: کون التوروش طرفی
غمخوار: غم یکوچی
غیر یاکه غیره: باشقه، یات
غیرت: چینك کونکل‌لوك

## ف

فارغ: آرام، بیکار، قوروق
فاصل / فاصله: آریدورغان نشانه، یانداش
فاضل: زیادەلیك
فراموش: اونوتماغلیق
فرزند: بلا
فرمان: بیورماق
فرمان بردار: بیوروق امرنی کوتارکوچی
فضل: زیادەلیك، برکتلیك
فضل کرم: یخشی سخی، زیاده سخی، التفاتلیق
فلك: آیریماغلیق
فلك هن: کرو قویولغان نرسەنینك آجیراتیب الماقی
فی‌الدارین: ایکی اوی، ایکی عالم
فی‌سبیل‌الله: خدانینك یولیدا

## ق

قاضی‌الحاجات: حاجت‌لارنی کسکوچی
قایم: اوره تورادورغان
قبض: قولغه توتماغلیق

قدردان: قدر بیلکوچی یعنی بهابیلکوچی

قدیم: کهنه

قطع: کسماکلیك

قلیل: کچیك, آز

قول: سور

ك

کارساز: ایش قیلغوچی

کاه کاه: برار برار

کاین یاکه کائن: بار بولغان

کثیر: تولا

کرام: یخشی اولوغ

کرام القدر: اولوغ, مرتبه لیك

کرامی: اولوغلوق

کریم: یخشی, سخی

کریم کارساز: یخشی و سخی ایش قیلغوچی

کفیل: بورون

کفیل زر: پلغه بورون

کلّ: همه

کلّ فواصل الحدود: همه حدلار

همه توختاتیلغان حدلار

کمال: پوتون

کمترین: کچیك لاری, همه دین کچیك

کم و کوسلوق: کم و قیسقه

کمینه: فقیر, کچیك

کندوم رنك: بغدای رنکی

کوشش: ایش, تلاش قیلماغلیق

کونین: ایکی بار نرسه یاکه ایکی عالم

ل

لزومی: لازم لیق

لطفاً: یخشیلیق, امراغلیق حالت

لطیف: همه دین یخشی, نازوك

لوازم: لازم لار

لیلام: خریدارنینك تیلاکانیکا ساتماغلیق

م

ماه: آی

مبارك: قوتلوق

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

متصل: توتاش

متصل: ایکی نمرسه‌نی آریب تورغان نرسه مثلاً تام, اریق, یول

متوفّی: اولگان

مثمر یا که مثمره: میوه‌لیك درخت

مُجادله: جدل

محافظت: ساقلاماغلیق, خبر الماغلیق

محتاج: حاجتلیك

محترم: حرمتلیك

محرّر: خط پتوکوچی

محرم: خاص, ایشانجیلیك

محرم اسرار: سرّلارکا خبردار, ایشانجیلیك

محکمه: حکم قیلادورغان جای

محکمهٔ عالیه: ایکنز و یا اولوغ حکم قیلادورغان جای

مختار: اختیار قیلغوچی

مخیّرین: ایکی اختیار قیلغوچی

مدّت: وقت

مدّت مدّید: اوزون وقت

مدّعی: دعوا قیلغوچی

مدّعی علیه: اوستیکا دعوا قیلینغان کشی

مدیون: قرضدار

مذکور: حاضر دیگان نرسه, حالاقی

مرافعه: دعوا توکاتکالی باریشماغلیق, دعوا کوتارادورغان جای

مرافق: تابع بولغان اوی‌لار مثلاً آط خانه, اغیل, سمان خانه

مرحمت: رحم

مرحمتاً: رحم لیك حالتده

مرسول: ایباریلگان

مرعی: تابع بولغان

مرغوب: خواهلاغان, یخشی کورونگان

مروّتلیك: عزیز, کنك کونگل‌لیك

مرهونه: کرو قویولغان نرسه

مژده: خوش خبر

مستاجر: اجاره‌کا الادورغان کشی

مسند: کرسی یاکه بولانادورغان نرسه

مشتاقانه: آرزومندلیك

مشتری: الادورغان کشی، خریدار

مشرّف: اونوغلانغان

مشغول: ایشی بار، بیکار تورمایدورغان، بر ایش برله تورماق

مشفق: کونکلی یومشاق و یخشی، امراق، دوست

مصون: ساقلانغان

مطلق العنان: همه جلاو تاسمالار یعنی همه اختیار قولیدا بار

مطیع: اطاعت قیلادورغان

مع: بیلان

مَعَ الأذنِ باالانتفافا: ئده‌سیکا اذن بریلکان

مع الممنونیّت: خوشلوق بیلان

معتبر قیلماق: شریعتغه موافق قیلماق

معجون: سوقالغان و خمیردیك الیشتورولغان دارو

معروض: عرض

معلوم: الحدود بیلینکان احاده‌لار، حدّلار بیلینور

معهود: کیلاشکان، بیلینکان، عهد قیلینغان

مفهوم: اوقالغان، فهم قیلینغان

مقام: جای، تورماغلیق

مقر | مُقرّ: اقرار قیلغوچی

مکان: بر نمه‌نینك جایی، اولتوروغلوق جای

مُلك: ساتیب الغان یر زمین

منافع: فائده برادورغان نرسه

مناقشه: جدل

متّدار: یخشیلیق قیلینغان کمرسه، کور ساتکان التفات اوچون خوش بولغان

منزل: سفرده قونوب اوتادورغان جای

منزلت: اولوغ جای و یا اولوغ منصب

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

منع: توسماغلیق

منکر: تانادورغان, تانغان

من کلّ الوجوه: همه یوزدین, هر

طریقه بیلان

موبد: همیشه

موجر: اجاره قیلغوچی

موجود: بار بولماغلیق, حاضر

موصوف: صفتی بار نرسه, دانکلانغان

موضع: جای, یر

مونس: مونکداشغوچی

موی سفید: سقالی آق

میراث: کشیدین بالالاریغه یا باشقه

اوروغ توّقانلاریغه قالغان زمین

پل مال و یا باشقه نرسه‌لار

میسّر: خدا طرفیدین اونکای و

اسان قیلینغان

## ن

نا اهل: نا لایق, بوزوق کشی

ناس: کشی, آدم

نافه: کیک‌نینک کندیکی. ایپار

نامسموع: انکلانمایدورغان

نزاع: جدل

نسیه ساتماق: وعده بیلان ساتماق

نصف: یریم

نصفا نصف: تنك و برابر

نعمت: خدا طرفیدین بریلگان

انعام

نفس: اوز, خود

نقد: حاضر پل

نقصان: کم, کملیك

نورعین: کوز نوری

نوع: قسم, خیل

نیاز: التماس قیلماغلیق برله

حاجت تیلاماك

نیم: یریم

نیمکارلیق: یریم ایشلیق ( شاگرد )

## و

واصل: یتادور, قوشالادورغان

واضح: اوچون, بیلیندورکان

وثیقه: محکم, ایشانجیلیک,
مدیونلوق خط

وجود: بار بولماغلیق

وقف: یرنی خدانینک یولیدا چیقارغان

وکان حذار: ایکیلا طرفیدین احتیاط
اوچون بولدی

وکان ذالك بمحضر من العدول والثقات:
بو خالص ایشانجیلك کواه‌لار
نینك حضوریدا قیلیندی

والله مانقول شهید: بیز ایتقان
نرسه‌کا خدا کورادور

وکیل: اوزی‌نینك اورنیدا قویولغان کشی

وکیل عام: همه خلق‌نینك اورنیدا
قویولغان کشی

وکیل مطلق العنان قائم مقام نفس خود:
اوزی‌نینك اورنیدا تورغالی همه
اختیارنی برکان

ولد: اوغول

## ه

همتنك: یاشی تنك

## ی

یاداشت: یاددا ساقلایدورغان

یادشاد: یاد قیلیب خوش قیلماق

یاساق: کشی‌نینك کیبده البانغه قاتیلا
دورغان بیکار سوز مثلاً البان
یاساق دیکان البان بولادور

یاقوت: بر قسیم قیمت تاش

ینکلیغ: اوخشاش

یودن: حکم خطی

یوم: کون

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى